# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىياسىي مەسىلە بىلەن ئىقتىسادىي مەسىلە گىرەلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالدى. ئەنئەنىۋى چىرىكلىك بىلەن يېڭى تىپتىكى چىرىكلىك گىرەلىشىپ، خىيانەت قىلىش، چىرىكلىشىش قىلمىشلىرى تېخىمۇ يوشۇرۇن ۋە مۇرەككەپ بولدى. چىرىكلىك مەسىلىسى بىلەن ناتوغرا ئىستىل گىرەلىشىپ، «تۆت خاھىش» چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان مەنبەگە ئايلاندى. چىرىتىش ۋە چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، سەللا بوشىشىپ قالساق، ئەجرىمىز يوققا چىقىشى مۇمكىن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا تاللاش يوق، جەزمەن قىيىنچىلىققا پىسەنت قىلماي ئىلگىرىلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. پارتىيەمىز 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلغارلىقى ۋە ساپلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشى، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشى، جەزمەن پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىر دەقىقىمۇ توختىتىپ قويماي ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار جەزمەن پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، باشتىن ـ ئاخىر «ئىمتىھان بېرىش»تەك سەگەكلىكنى ساقلاپ، «چىرىتىش»، «قورشاپ ئوۋلاش»قا قارىتا ھوشيارلىقنى ساقلاپ، قاتتىق بولۇش باش رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، سىستېمىلىق تۈزەش، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەش ئىدىيىسى بىلەن ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، تىنچلىق ـ قالايمىقانچىلىق، گۈللىنىش ـ خارابلىشىشتىن ئىبارەت تارىخىي دەۋرىيلىكتىن سەكرەپ چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك چوڭ پاراخوتنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كۈچلۈك سىياسىي نازارەتچىلىك ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيەۋىلىك جەھەتتە چېنىقىش، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشكە، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي ئۆز ئىشىنى ياخشى قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى نازارەت قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئىدىيىۋى مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى قەدىرلەپ، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يالغۇز تۇرغاندا، كىچىك ئىشلاردا، باشتىمۇ، ئاخىردىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، سىياسىي ئېتىقادى مۇستەھكەم بولغان، بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان زېرەك كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالماسلىق، چىرىكلىشەلمەسلىك، چىرىكلىشىشنى ئويلىماسلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «تۆت خىل ھالەت»تىن ياخشى پايدىلىنىپ، جازالاپ چۆچۈتۈش، جازا بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قۇتقۇزۇش، تەربىيە بېرىپ سەگەكلەشتۈرۈش ئۈنۈمىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش تارماقلىرى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ۋە يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى سىجىل چىڭىتىپ، پۇل مۇئامىلىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە ئىچكى جەھەتتىن تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. چىرىكلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى بىلەن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تەڭ پىلانلاپ، تەڭ ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، تەڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ساھەلەرنىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈمدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى قاراتمىلىق ھالدا تولۇقلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىپ، ئىمتىياز ئىدىيىسى، ئىمتىياز ھادىسىسىگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇپ، ئائىلىسىنى باشلامچىلىق بىلەن پاك باشقۇرۇپ، ئائىلە تەۋەلىرى، پەرزەنتلىرى ۋە يېنىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى قاتتىق، ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىدىن دوكلات بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت خاھىش»نى قەتئىي بوشاشماي تۈزىتىپ، تۈزەپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى جەھەتتىكى تەربىيىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ياخشى ئەنئەنىنى يېڭى مۇساپىگە ئېلىپ كىرىپ، ياخشى ئىستىلنى يېڭى دەۋردە ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق بولۇش، ئاخىرغىچە قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان ھۆكۈمەت پۇلىغا يەپ ـ ئىچىش، يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقى قاتارلىق ناتوغرا ئىستىل، ناچار ئىللەتلەر باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىش، قايتا ـ قايتا زەربە بېرىش كېرەك. شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قىلچە مۇرەسسە قىلماي، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، نىشانلىق تۈزىتىپ، تۈزەپ، سىجىل تۈردە ئاساسىي قاتلامنى باغلاقتىن بوشىتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىپ، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەمەلىي نەتىجىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ مەسئۇلىيەتچان بولۇپ ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى سىجىل تۈزەپ، ئاممىنى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى «چىۋىنگە زەربە بېرىش» جەريانىدىن ئېرىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. سىياسىي قانۇن سېپىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپ، قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى قەتئىي تۈزەپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدىن ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشنى دائىملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەر ۋە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە قەتئىي زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ پۇقرالارغا يەنە زىيانكەشلىك قىلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، خەلقنى بېيىتىش، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، مائارىپ، داۋالاش، كۈتۈنۈش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، نامراتلارنى يۆلەش، مۇھىت قوغداش قاتارلىق ساھەلەردىكى چىرىكلىك ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى سىجىل تۈزىتىپ، تۈزەپ، ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى «14 ـ بەش يىل» قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. نازارەتچىلىكنى پارتىيەنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى قىلىپ، تولۇق قاپلىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، شۇجى بىرىنچى جاۋابكار بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىپ ھەقىقىي باشقۇرۇشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نۇقتىلىق كىشىلەر، نۇقتىلىق ئىشلارنى كۆزلىشى كېرەك. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى يېتەكچى قىلىپ، ھوقۇقنى نازارەت قىلىش تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرخىل نازارەتچىلىكنى ماسلاشتۇرۇپ، تۇتاشتۇرۇپ، دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. نازارەتچىلىكنىڭ ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنى نازارەتچىلىككە قاتناشتۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى باشلامچىلىق بىلەن پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭ ۋەزىيىتىنى چۆرىدەپ نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى بىلىشنى قەلبىگە پۈككۈشى، مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى ھەرىكىتىدە كۆرسىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشقا قويۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى قوشۇنىغا ئەلالارنى تاللاپ، كۈچلۈكلىرىنى سەپلەش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئەڭ قاتتىق چەكلىمە ۋە نازارەتچىلىكنى قوبۇل قىلىپ، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش سىستېمىسىدىكى ئاجىز ھالقىلارغا قارىتا، تۈزۈم قېپىزىنى پۇختا، چىڭ توقۇپ، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» بولۇشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، تىرىشىپ سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان، كەسىپلەشكەن، ئىقتىدارى كۈچلۈك، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنى قۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىشى كېرەك.

جاۋ لېجى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ئۆتكەن بىر يىلدا پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى، مۇھىم، زور نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ۋەزىپىلىرى چوڭقۇر شەرھلىنىپ بايان قىلىندى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىن قاراپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى بىر دەقىقىمۇ توختاتماي ئالغا سىلجىتىپ، كۈچلۈك سىياسىي نازارەتچىلىك ئارقىلىق «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش تەكىتلەندى. سۆزدە ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەنگەن، ئىدىيىسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم مىزان. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق بولۇش باش رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالماسلىق، چىرىكلىشەلمەسلىك، چىرىكلىشىشنى ئويلىماسلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىش ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئارمىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئۆتكۈزۈلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەمدە ئارمىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جاۋ لېجى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «يېڭى دەۋردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەيلى» دېگەن تېمىدا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، دەل جايىدا ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى چىقىش قىلىپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قوغداش، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق مۇھىم ساھەلەردە نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىشنى يادرو قىلىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئاچقۇچ قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنى قانۇنچىللىق تىرىكى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، جەمئىيەت قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەندىزىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، چىقارغان نىزاملارنىڭ پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى نامايان قىلىشى، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا ئۇيغۇن كېلىشى، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەرلىك نىزام چىقىرىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچنى چىڭ كۆزلەپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك مېخانىزمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يەرلىكنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نىزام چىقىرىشنىڭ قاراتمىلىقى، تەتبىقلىنىشچانلىقى، مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. نىزام چىقىرىشتا خەلقنى كۆزلەش، خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ نىزام چىقىرىشقا تەرتىپلىك قاتنىشىشى ۋە نىزام چىقىرىشتا ئاشكارا پىكىر ئېلىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، نىزام چىقىرىش بويىچە مۇتەخەسسىسلەر مەسلىھەت بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا پائال تەكلىپ قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە ئاممىغا يېقىنلىشىش، خەلق رايىنى ئىگىلەش، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. نىزام چىقىرىش ھوقۇقىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ۋە تەرتىپ بويىچە يۈرگۈزۈشنى چىڭىتىپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى تۈزۈمى ۋە تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېمىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش، دەل ۋە ئورۇنلۇق بايان قىلىش، دەل جايىدا قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش نىزامى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنى ئەنگە ئېلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە تەرتىپلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نىزام چىقىرىش ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، قۇمۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شىخەنزە داشۆ سىياسىي قانۇن شۆيۈەنىنىڭ مەسئۇللىرى سىنلىق كۆرۈشۈش شەكلى ئارقىلىق پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، مۇتەللىپ قاسىم، با دەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ يىغىنغا قاتناشتى.